## ما هو الهدف من الحياة؟ (قصة ملحد) ايانىڭ مەقسىتى نىمە؟

مەن ھېكايەمنى ئۇنۇپرسىتېتقا كىرگەن تۈنجى يىلدىن باشلايمەن، بۇ يىلدا نۇرغۇن ئىشلار ئۆتتى.
ئاتا-ئانام بىر-بىرىدىن ئايرىلدى، مەن ماشىنا ھادىسىگە ئۇچراپ، بۇنىڭدا بىر دوستۇم ۋاپات بولدى.
ئۆزۈمدىن سورىدىم:" مەن نىمىشقا بۇ يەردە؟، ھاياتنىڭ مەقسىتى نىمە؟.
ھەمدە ھاياتنىڭ مەقسىتىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم، مەن خرىستىئان بولغانلىقىم ئۈچۈن تەكشۈرۈشكە باشلىدىم.
مەن چېركاۋغا بېرىپ كۆپچىلىكنىڭ مەن بىلمەيدىغان بىر نەرسىلەرنى ئېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم، شۇنىڭ بىلەن مېنى بىئارام قىلىپ، چارچاتقان بەزى سوئاللارنى سورىدىم.
ئۇلار مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئىنجىلغا قارىماستىن، ھەر بىرى ئۆزىنىڭ قارىشى بويۇنچە جاۋاپ بەردى.
ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋاپلىرى پەرقلىق بولۇپ، ھەتتا بەزىسىنىڭ جاۋابى يەنە بەزىسىنىڭ جاۋابىنىڭ تولۇق ئەكسىچە ئېدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىلاھ توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇراتلىرىمۇ ئادەمنى قايىل قىلالمايدىغان، بىر-بىرىگە زىت ۋە ئاجىز ئېدى.
ئىلاھ قانداقمۇ كىرىستقا مىخلىنىپ ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ؟!، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردە مەسىيھىلىك توغرىسىدىكى پەرقلىق چۈشەندۈرۈشنى تاپتىم.
مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغاچ ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلەيتتىم، مېنىڭ ساۋاقداشلىرىدىن بىرى ھىندى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھىندىستانلىق ئېدى، ئۇنىڭدىن پىل باشلىق ھىندى ئىلاھىنىڭ ۋەقەلىكىنى سورىدىم؟، يەنە پىل باشلىق ئىلاھىنىڭ ئورنىغا شىر باشلىق ئىلاھنى ئاللىسا مۇمكىن بولمامدۇ؟ دېدىم، ھىندى ساۋاقدىشىم ماڭا جاۋاپ بەرمىدى ياكى جاۋاپ بېرەلمىدى.
شۇنىڭ بىلەن مەن باشقا دىنلارنى تەكشۈردۈم، مېنىڭ بۇ قېتىمقى سوئالىم يەھۇدى دىنى توغرىسىدا بولدى، بۇ دىن توغرىسىدىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىزدىنىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىلاھ ھەققىدىكى تەسەۋۋۇراتلىرىدىمۇ خۇددى خرىستىئان پوپلىرىغا ئوخشاش قارمۇ-قارشىلىق بارلىقىنى بايقىدىم.
شۇنىڭ بىلەن يەھۇدى دىنىدا مەن ئىزدىگەن ھەقىقەتنى تاپالمىدىم.
ئاخىردا بۇددا دىنى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردىم، ۋە كېيىن بۇ دىنىنى تاللاشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۇم، ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندىن كېيىن بۇنىڭ دىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى، پەقەت تۇرمۇشنى جەلىپ قىلىدىغان بىر يول ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.
بىر كۈنى دوستلىرىمدىن بىرى مەندىن: مېنىڭ ئىزدەنگەن دىنلىرىم توغرىسىدا سورىدى، مەن ئۇنىڭغا: ئۆزۈمنىڭ خرىستىئان دىنى، ھىندوست دىنى، يەھۇدى دىنى ۋە بۇددا دىنى توغرىسىدا ئىزدەنگەنلىكىمنى ئېيتتىم، دوستۇم مەندىن: ئىسلام دىنى قانداق ئىكەن؟ دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا: ئۆزۈمنىڭ ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئىزدەنمىگەنلىكىمنى، مەن ئۈچۈن بۇ دىنغا تۈرتكە بولىدىغان بىر ئىش بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم.
لېكىن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەن كۆڭلۈمنىڭ مەسچىتنى تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئايغىمنىمۇ سالمايلا ناماز ئوقۇۋېدىغان جايىنامازغا دەسسەپ مەسچىتكە كىرىپ سەجدە قىلىۋاتقان بىر كىشىنىڭ بېشىغا دەسسەپ سالغىلى تاس قالدىم، قارىسام، بىر مويسىپىت كىشى كۈلۈمسىرەپ مېنىڭ تەرىپىمگە كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ كىشى مېنى: بۈگۈن نىمە دېگەن گۈزەل كۈن! ئى دوستۇم! ئەھۋالىڭىز قانداق؟ دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى، بۇ كىشىنىڭ مېنى بۇنداق قىزغىن كۈتۈۋېلىشى مېنى ئۇ كىشىدىن سۇئال سورايدىغان قىلدى.
مېنىڭ ئىلگىرى باشقىلاردىن سورىغان، ھازىر ئۇ كىشىدىن سورايدىغان نۇرغۇن سۇئاللىرىم بار ئېدى، مېنى بەك ھەيران قالدۇرغىنى: مەن ئۇلاردىن سۇئال سورىسام، ئۇلار مېنىڭ سوئالىمغا دەرھال جاۋاپ بەرمەيتتى، ئۇلار قۇرئاننى تۇتۇپ ماڭا: قېرىندىشىم! قۇرئاننى ئوقۇڭ، سىزنىڭ سۇئاللىرىڭىزدىن ھەر قانچە قېيىن سۇئال بولسىمۇ ئۇنىڭ جاۋابىنى بۇنىڭدىن تاپىسىز دەيتتى.
ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىدىن: مەن سىزدىن سۇئال سورىسام نىمە ئۈچۈن ماڭا ئۆز قارىشىڭىز بويۇنچە جاۋاپ بەرمەيسىز؟دەپ سورىسام،ئۇ كىشى ماڭا: بىز ئاللاھنىڭ كىتابىدىن سۆزلەۋاتقاندا، بۇنىڭدا مېنىڭ قارىشىم بولمايدۇ دېدى، بۇ سۆز ماڭا كۆپ تەسىر كۆرسەتتى.
ئاندىن مەن ئۆيدە ئوقۇش ئۈچۈن قۇرئاندىن بىر نۇسخا ئالدىم ۋە ئوقۇشقا باشلىدىم، بۇنىڭدىكى ئەھۋالنىڭ باشقا دىنلاردىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇغانغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقىدىم، بەلكى مەن ھەر ئايەتنى ئوقۇسام، ئۇ ئايەت مىنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇتتى ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيتتى.
بىر كېچىسى ئولتۇرۇپ: تاغلارنىڭ قوزۇقۇقا ئوخشاش بولغانلىقى، تۆرەلمىنىڭ بالىياتقۇدا ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەققىدىكى ھەقىقەتنىڭ دەلىللىرى توغرىسىدا ئويلاندىم، ئىختىيارسىز: ئى ئاللاھ! مېنى توغرا يولغا باشلىسىلا دېدىم.
مېنىڭ ئەھۋالىم تامامەن ئۆزگەردى، ئاللاھ تائالانىڭ مېنى توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، چۈنكى مۇشۇ كائىنات ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، كاتتىلىقى، سىستېمىلىق قوراشتۇرۇلىشى بىلەن پەيدا قىلغۇچىسىز، ياراتقۇچىسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمايدۇ.
مۇسۇلمان بولۇشنى قارار قىلدىم ۋە ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتتىم، بۇ ئىككى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئەقلىمدىكى شەك-شۈبھە، قورقۇنچلارنىڭ ھەممىسى يوقالدى.
ئاتام بىلەن بولغان مۇئامىلەم ياخشى بولدى، مەن ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىپ، بۇنىڭ تەشۋىقاتلاردا تارقىلىۋاتقان يالغان، بۆھتانلارغا تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم.
قۇرئان مەندىن شۇنى تەلەپ قىلغان ئېدى. مەن ئاتامنىڭ ئاللاھ خالىسا يېقىندا مۇسۇلمان بولىدىغانلىقىغا چىن دىلىمدىن ئىشەنچ قىلىمەن.